# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەش كېرەك. باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشى نىزامى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. شۇجىلار قوشۇنى ۋە بەنزە ئەزالىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەھبەرلىك قىلىش، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشى نىزامى»نىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشى، ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش، پارتىيە ئىچىدىكى سايلام تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارىتا بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتى نىزامى»نى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلىمىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرى بولۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، پارتىيەنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدارە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ سەپەرۋەر قىلىدىغان، ئىسلاھات، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاققىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سايلام تۈزۈمى بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى سايلام سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە نىزامنامىسىدە بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ئېڭى، سىياسىي ئاڭ، قائىدە ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ۋەكىللىك سالاھىيىتى شەرتىنى چىڭ تۇتۇپ، لاياقەتلىك ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋەكىللەر سانىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ۋەكىللەرنىڭ نىسبىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق بولۇش، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ۋە بەنزە قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئەزالار نامزاتىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىش كېرەك. تەربىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاگاھلاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام، تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە نۆۋەت ئالماشىش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، سايلامدا ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتى نىزامى»نى يولغا قويۇشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق تەشكىللەپ، پۈتكۈل جەرياندا ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەرنى دېموكراتىك ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، سايلام خىزمىتىنىڭ تەكشى ـ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇجىلىرى ۋە پارتىيە ئىشلىرى تايانچىلىرىنى تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتى نىزامى»دىكى تۈرلۈك بەلگىلىمە، تەلەپلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈنجى تۇركۈمدىكى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ توك تارقاتقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بارلىق قۇرۇلۇشچىلار ۋە قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشقان كەڭ كادىرلار، ئاممىغا سەممىي سالام يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋۇدۇڭدې سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش»نى يولغا قويۇشتىكى دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور قۇرۇلۇشى. يولداشلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭى يۇقىرى پەللىسىگە باتۇرلۇق بىلەن چىقىپ، كېيىنكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، تىرىشىپ ۋۇدۇڭدې سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى نادىر قۇرۇلۇش قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جىنشاجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، جىنشاجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىنى قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا قوغداشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلققە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش كېرەك.

ۋۇدۇڭدې سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تۈنجى تۇركۈمدىكى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ توك تارقىتىش مۇراسىمى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، بېيجىڭدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى، مۇراسىمدا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى.

ۋۇدۇڭدې سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرى لۇچۇەن ناھىيەسى بىلەن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لياڭشەن ئوبلاستى خۈيدۇڭ ناھىيەسىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 2015 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلىغان، ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 10 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات، يىللىق ئوتتۇرىچە توك تارقىتىش مىقدارى 38 مىليارد 910 مىليون كىلوۋات سائەت. سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ بارلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى 2021 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇيۇل تاشتەك چىڭ ئىرادە بىلەن، جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەكەن ناھىيەسى ساياھەتچىلەرنى يىغىش ـ تارقىتىش، ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى، ناھىيەلىك تازىلانغان كۆكتات ۋە توڭلىتىپ قۇرۇتۇش پىششىقلاش سېخى، توقۇمىچىلىق كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ 2 مىليون ئۇرچۇقلۇق توقۇمىچىلىق باغچە رايونى تۈرى، يەكەن كوچا باشقارمىسى جايىتېرەك كەنتى خاس ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كوچىسى، تەبىئىي پىگمېنت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كەسپ تەرەققىياتى، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش، مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى، مەخسۇس تېمىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، شۆھرەت زاكىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قەشقەر ۋىلايىتى، بولۇپمۇ يەكەن ناھىيەسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى يېڭىش ئەڭ تەس بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق ۋە ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش ئەڭ تەس بولغان نامراتلىق قورغىنىنىڭ بىرى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ ۋەزىيىتىدە سالمىقى ئېغىر، تەسىرى زور. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما تەلىپى بويىچە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، يەكەن ناھىيەسىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىللە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچەش پەيتى ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلدى، ھەم چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ھەم كۆلەڭگۈ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نوپۇسنى چىڭ كۆزلەپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش بىلەن بىللە، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ھەم يېڭىدىن نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا بىرمۇ ئاممىنى سەپتىن قەتئىي چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاش، چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان ياكى بايقالغان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، مەنبەنى چوڭقۇر قېزىپ، سىجىل كۈچەپ، ئۇزاققىچە بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، داۋاملىق ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنىڭ مۇقىملىقىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ھەر تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەر تەرەپنىڭ كۈچىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ جارى قىلدۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن جەڭ قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھەم جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش، ئىستىلدا لەيلىمچىلىك قىلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر، ئەتراپىدىكى ئىشلار ئارقىلىق نامرات ئاممىنى بىر جۈپ ئىشچان قولىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەر قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىش كېرەك.

# ئاپتونوم رايونىمىز تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يولغا قويۇش پىكرى»دە ئۈچ باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2020 ـ يىلى، تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەرەققىيات يىرىك پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلەتنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرىنى تۈرگە ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ؛ 2025 ـ يىلغا بارغاندا، دۆلەت باغچىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنىدۇ؛ 2035 ـ يىلغا بارغاندا، تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرىنى باشقۇرۇش ئۈنۈم ئىقتىدارى ۋە ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلۈپ، دۆلەت باغچىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

«يولغا قويۇش پىكرى»گە ئاساسەن، دۆلەت بېكىتكەن تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرىنى تۈرگە ئايرىپ بېكىتىش ئۆلچىمى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىر بار بولغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى، داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى، گېئولوگىيە باغچىلىرى، ئورمان باغچىلىرى، سۇلۇق يەر باغچىلىرى، قۇملۇق باغچىلىرى قاتارلىق تەبىئىي مۇھاپىزەت يەرلىرىنى رەتلەپ، ئېكولوگىيە قىممىتى ۋە قوغداش سىجىللىقىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ، دۆلەت باغچىسى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، تەبىئىي باغچە دېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگە تەڭشىلىدۇ ۋە تۈرگە ئايرىلىدۇ. دۆلەت باغچىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئاساس قىلىنغان، تۈرلۈك تەبىئىي باغچىلار قوشۇمچە قىلىنغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرىنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

# ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىدىيە ئاساسىنى پۇختىلاپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ۋەزىپە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنى ۋە مۇھىم رولىنى چوڭقۇر تونۇپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، ۋەكىللەر خىزمىتى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ياخشىلاپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئاساسنى پۇختىلاپ، ھاياتىي كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ۋەكىللەر خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنى ۋە سۆھبەتكە سىرتتىن قاتنىشىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ قاتلام، كۆپ يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىلىشىش يوللىرىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئالاقىلىشىش مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئالاقىلىشىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ۋە خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋەكىللەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرگە مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىشىدا ياخشى كۆۋرۈك ۋە ۋاسىتە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، قۇمۇل شەھەرلىك، قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رەناخان ئابدۇرېشىت ۋە يى سەنتەي پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۇڭجيۇ، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.